# 105381 ـ كاپىرنىڭ يېقىن تۇغقىنى ئۆلۈپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش توغرىسىدا

## سۇئال

كاپىرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياكى يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرى ئۆلۈپ كەتسە، يېقىن ئەتراپىتىكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈشى توغرىمۇ؟، ناۋادا مۇسۇلمان تەزىيەگە بارمىسا ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ئەزىيەت يېتىشتىن ئەنسىرىسە ياكى تەزىيەگە بارماسلىق ئۇ كاپىرنىڭ ئىسلامدىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولسا تەزىيەگە بارسا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

ئاللاھ تائالاغا ھەمدىلەر بولسۇن، مۇسۇلماننىڭ كاپىرنىڭ ئۆيىگە تەزىيىگە بېرىشتىكى مەقسىتى ئۇنى ئىسلامغا قىزىقتۇرۇش، رىغبەتلەندۈرۈش بولسا بۇ توغرا بولىدۇ، چۈنكى ئىسلامنىڭ مەقسىدىمۇ كىشىلەرنى دىنغا رىغبەتلەندۈرۈشتۇر، شۇنىڭدەك، كاپىرنىڭ ئۆزىگە ياكى ئومۇمى مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەپ بارسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى ئىسلامنىڭ ئومۇمى مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ قىلىنغان ئازغىنە زىيانلىق ئىش ئەپۇ قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇۋەپپەق قىلسۇن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن".

شەيخ ئابدۇل ئەزىز بىن باز... شەيخ ئابدۇرراززاق ئەپىپىي... شەيخ ئابدۇللاھ بىن غۇدەييان... شەيخ ئابدۇللاھ بىن قەئۇد قاتارلىقلار. "دائىمي كومىتېت پەتىۋاسى" 9 ـ توم 132 ـ بەت.